
ئاچچىقلانمىغىن!
مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

www.uyghurkitap.com

ئەكبەر مىجەزى تەرسا، ئاچچىقى يامان بالا بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا ناھايىتى ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىكەن، ھېچكىمنى ئەپۇ قىلمايدىكەن. ئۇ ناھايىتى ئالدىراقسان ۋە ئاچچىقى يامان بولغاچقا، باشقىلار بىلەن ئارىسىدا دائىم نۇرغۇن مەسىلىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن.



ئاتا-ئانا، ئاكا-ئاچا ۋە ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلىرى ئۇنىڭغا كۆپ تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى ئۇنىڭغا ھېچ كار قىلماپتۇ. ئۇ مۇشۇ ناچار خۇيى سەۋەبلىك دوست-بۇرادەرلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى نۇرغۇن قېتىم خاپا قىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى ئەكبەر مەكتەپكە ئالدىراپ كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن ئايىغىغا بىر نەرسە قاتتىق تېگىپتۇ، ئۇ كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن ئالدىراپ يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى نەرسە پۇتىغا يەنە تېگىپتۇ.



بۇ ۋاقىتتا ئەكبەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ-دە، پۇتىغا ئۇرغان ئادەمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ. ئەكبەرنىڭ پۇتىغا ئۇرغان ئەسلىدە قولىدا ھاسا تۇتۇۋالغان بىر ياش يىگىت ئىكەن. ئەكبەر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىشلەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:- مېنى كۆرمىدىڭمۇ؟ سەن قارىغۇمۇ يە؟- دەپ ۋارقىراپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ھېلىقى ياش يىگىت ئىككى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ:- ئاللاھ سىزنى ئەپۇ قىلسۇن!- دەپتۇ. ئەكبەر بۇ ياشنىڭ ئۆزىگە قارىماستىن، ئۈستى تەرەپكە بىر خىل غەلىتە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر ئەما ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر ئۇ ياشنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ ۋە ناھايىتى خىجىللىق ئىچىدە:- مېنى كەچۈرۈڭ، مەن خاتا قىپتىمەن، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.



-تاغا، سىز ماڭا ھاياتىمدا ئۇنتۇلغۇسىز بىر دەرس بەردىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئاچچىقلانمايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ تاغا!- دەپتۇ. ھېلىقى ياش:- ھېچقىسى يوق، ئاللاھ ھەممەيلەننى ئەپۇ قىلسۇن!- دېگەن پېتى يەنە ھاسىسىنى چوقۇپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەكبەر بۇ قېتىم قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە ئاچچىقلانماسلىققا ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بېرىپتۇ.

